مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# چېن شىخۇا: زەھەر ئەتكەسچىسى بىلەن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتىغىچە ئېلىشىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى كۈنمىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لىن بېفېڭ)** چېن شىخۇانىڭ جەسىتى بايقالغان چاغدا، ئۇ ئىككى قولى بىلەن قاچقۇن جىنايەتچىنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتىغىچە قويۇۋەتمىگەن... زەھەر ئەتكەسچىسى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ھاياتى قىران مەزگىلى بولغان 36 يېشىدا ئەبەدىي توختاپ قالدى.

چېن شىخۇا 1975 - يىلى 9 - ئايدا تۇغۇلغان، گۇيجوۋ رېنخۇەيدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، سابىق يۈننەن چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى باۋشەن تارماق ئەترىتى رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ جياۋداۋيۈەنى. 1994 - يىلى 12 - ئايدا، گۇيجوۋ سىفەن داشۆسىگە ئەلا نەتىجە بىلەن قوبۇل قىلىنغان چېن شىخۇا كەسكىن ھالدا قەلەمنى تاشلاپ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، زەھەر چەكلەش ئىشلىرىغا ئاتلانغان.

2005 - يىلى، چېن شىخۇا باۋشەن تارماق ئەترىتىنىڭ رازۋېدكا ئەترىتىگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان، ئۇ تىرىشچان بولغاچقا، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ قانۇن - نىزاملارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يىل بويى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك دېلو بېجىرىش تەجرىبىسى ۋە ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ، زەھەر جىنايىتى دېلولىرىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشقا تۆرتكە بولغان.

«مەن تاغلىق رايوندىكى يېزىدىن كەلگەن بالا، پارتىيە ۋە قىسىم مېنى تەربىيەلىدى.» چېن شىخۇا گۇيجوۋدىكى چوڭ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئائىلىسى نامرات ئىدى. ئۇ ئىلگىرى سەپداشلىرىغا: «مەن ھەر ۋاقىت مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان قەلبىم ۋە قىسىمغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىم بىلەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىمەن» دېگەن.

يۈننەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زەھەر چەكلەش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى، جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە قىسمى زەھەر چەكلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئاساسىي قوشۇن بولۇپ، دائىم ھايات - ماماتلىقنىڭ قاتتىق سىنىقىغا دۇچ كېلىپ تۇراتتى.

2011 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، باۋشەن تارماق ئەترىتى «تور تازىلاش ھەرىكىتى»دە تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، قېچىپ يۈرگەن زەھەر ئەتكەسچىسى پەي Xنىڭ ماڭشى شەھىرىنىڭ مۇكاڭ كەنتى ئەتراپىدا پەيدا بولغانلىقىنى ئىگىلىگەن. شۇ كۈنى سائەت 11لەردە، چېن شىخۇا مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ زەھەر ئەتكەسچىسى يوشۇرۇنغان جايغا بارغان. سائەت 11دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ رازۋېدكا خادىمى بىلەن بىللە ئاختۇرۇپ مۇكاڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئارقىسىغا كەلگەندە، بىر ئەرنىڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى سۇ باشلاش ئۆستىڭىنىڭ بويىدىكى قويۇق ئوت - چۆپ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بايقىغان.

چېن شىخۇا دەرھال بۇ كىشى دەل قېچىپ يۈرگەن زەھەر ئەتكەسچىسى دەپ ھۆكۈم قىلغان. چېن شىخۇا ئېتىلىپ بېرىپ، تېزلىك بىلەن زەھەر ئەتكەسچىسىنى يەرگە يىقىتىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان، غالجىرلاشقان زەھەر ئەتكەسچىسى چېن شىخۇانىڭ بېشىغا تەلۋىلەرچە ئۇرغان. ئېلىشىش جەريانىدا ئىككىيلەن يانتۇلۇقى 40 گىرادۇسقا يېقىن بولغان قاشتىن دومىلاپ شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان ئېلېكتىر ئىستانسىسى سۇ باشلاش ئۆستىڭىگە چۈشۈپ كەتكەن.

سائەت 12دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئامما ئۇ ئىككىيلەن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن جايدىن تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇم توسۇش تورى قويۇلغان جايدا چېن شىخۇانىڭ جەسىتىنى بايقىغان. چېن شىخۇانىڭ پېشانە، بويۇن، ئوڭ تىز، بىلەك قاتارلىق جايلىرى جاراھەت ئىزى بىلەن تولغان بولۇپ، زەھەر ئەتكەسچىسى تەلۋىلەرچە زوراۋانلىق قىلغاندا، ئۇ زەھەر ئەتكەسچىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتىغىچە قويۇۋەتمىگەن...

ئادەتتە چىرايىدىن سەممىي تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ھەققىي ئەزىمەت ئائىلىسىدىكىلەر ۋە سەپداشلىرىغا سۆز قالدۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

سەپداشلىرىنىڭ نەزەرىدە، چېن شىخۇا ئېغىر يۈكنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ دائىم: زەھەر چەكلەش ئالدىنقى سېپىدە، ئەقىل - پاراسەتكە، سوغۇققان ۋە تەمكىن بولۇشقا تايىنىش كېرەك، دەيتتى. ھەر قېتىم سىرتقا چىقىپ دېلو بېجىرگەندە، ئۇ ھەمىشە ئەڭ خەتەرلىك ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، ھەر خىل جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىشىپ، پاراسەت ۋە باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، سەپداشلىرىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، رازۋېدكا ۋەزىپىلىرىنى بىر - بىرلەپ قالتىس تاماملىغان.

باۋشەن تارماق ئەترىتىدە خىزمەت قىلغان 17 يىلدا، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 327 زەھەر ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى رازۋېدكا قىلىش، بېجىرىشكە قاتنىشىپ، 359 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقان، 468.1 كىلوگرام زەھەرنى قولغا چۈشۈرگەن.

چېن شىخۇا خەتتاتلىقنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا رامكىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر پارچە ھۆسنخەت ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: توغرا كەيپىيات بىلەن ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇپ چاڭ - توزان يۇقتۇرماسلىق، دەپ يېزىلغانىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، چېن شىخۇا ھايات ۋاقتىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن ئورۇن تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ دۆلەت كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىردى ھەم نامىنى باۋشەن چېگرا باشقۇرۇش تارماق ئەترىتىگە ئۆزگەرتتى.

«ئۇ ياش ھاياتى بىلەن ساداقىتىنى پۈتتى، ئىسسىق قېنى بىلەن بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى» دېدى باۋشەن چېگرا باشقۇرۇش تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى سۇن سۇڭبەي.

(بېشى 1 - بەتتە)

ساقلىقنى ساقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان 3A دەرىجىلىك ئېغىز بوشلۇقى مەخسۇس كېسەللەر دوختۇرخانىسى بەرپا قىلىنىدۇ. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى ساغلاملىقى تېخىمۇ كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى شەھىرى لياڭخې يولى شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شەھىرى لياڭخې تەۋەلىك رايونىنى 1 - نومۇرلۇق پەلەمپەي يەر بىلەن تۇتاشتۇرۇش يول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدىمۇ قىزغىن قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنىڭ تېز ئالغا سىلجىشى ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى تېزدىن تۇتقانلىقىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى تۈرىدىن جەمئىي 88نى ئورۇنلاشتۇردى، سېلىندىغان ئومۇمىي مەبلەغ 167 مىليارد 700 مىليون يۈەن، مۇشۇ يىل 53 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پەن - تېخنىكا، مائارىپ تۈرى شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى كەسپىي مائارىپ شەھەرچىسى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا شۆيۈەنى، شىنجاڭ تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى شۆيۈەنى، ئاقسۇ مائارىپ شۆيۈەنىنى كۆچۈرۈپ قۇرۇش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ مەدەنىيەت - ساياھەت تۈرى كۆكتوقاي قىزىل تەربىيە بازىسى، كۆسەن مەدەنىيەت ئىجادىيەت بازىرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، باغراش ناھىيەسىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى (2 - قارارلىق) قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ سەھىيە - تەنتەربىيە تۈرى شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 7 - دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيە، تېببىي تېخنىكا، كېسەلخانا ئۇنىۋېرسال بىناسى، قەشقەر جۇڭيى دوختۇرخانىسى(ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا) قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش تۈرى ئۇلۇڭگۈر كۆلى ئەتراپىنى كۆكەرتىش، شىنجاڭنىڭ 2020 - يىللىق نۇقتىلىق كۆمۈرلۈك ئوت رايونىدا ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى، 2020 - يىللىق نۇقتىلىق ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى تۈرى ئاسىيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بويىچە سانجى ئوبلاستىنىڭ شەھەر - يېزا ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى، كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە يېزىلارنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى، كۈنەس ناھىيەسىنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل ئىجارىگە بېرىش، ئاپتوموبىلغا توك قاچىلاش، ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

كېۋەز، كۆكتات قاتارلىق باشقا تېرىقچىلىق ساھەلىرىدىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ ئىككى كۈندە، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىگەرچى يېزىسى ئۇرۇقچىلىق يۇقارقى چوغتال كەنتىدىكى پارنىكتا، شۇ جايدىكى كۆكتاتچىلار «ئېتىز زىيالىيسى» دەپ ئاتىشىدىغان چېن لىنشيەن ئالاھىدە ئالدىراش بولۇپ كەتتى، كۆكتاتچىلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك كۆكتات مايسىسى كۆچۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ كۆكتاتچىلارنىڭ كۆچۈرۈش، تېرىش تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، كۆكتاتچىلارنىڭ مەھسۇلاتنى، كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا(بازار)، كەنتتىن ئىبارەت بەش دەرىجىنىڭ تېخنىكا كۈچىگە تايىنىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مۇلازىمەت ئۆمىكى قۇرۇپ، نەق مەيداندا چۈشەندۈرۈش، دەرسخانىدا تەربىيەلەش، شۇنداقلا بىرى بىرگە، بىرى كۆپكە يېتەكچىلىك قىلىش شەكىللىرىنى قوللىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ئەتىيازلىق ئېتىز پەرۋىشى، ئۇلاقچىلىق، چاتاش، سۇ باشقۇرۇش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق تېخنىكىلارنى چۈشەندۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېتىز بېشىدا تىنىم تاپماي ئىشلەۋاتقان 10 مىڭغا يېقىن «يەرلىك مۇتەخەسسىس» «ئېتىز زىيالىيسى» يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مۇلازىمەت ئۆمىكىدىكى غوللۇق كۈچكە ئايلىنىپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئەقىل كۆرسىتىپ، تېخنىكا يەتكۈزۈپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەققىي ياردەم بەرگەن.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىددىقۇت رايونى سىڭگىم يېزىسى سىڭگىم كەنتىدە، «يەرلىك مۇتەخەسسىس» جاپپار ئىسمائىل نەق مەيداندا قوشنىلىرىغا ئۈزۈم تېلىنى چاتاش - پۇتاش تېخنىكىسىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. بۇ ئىككى يىلدا، تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى داۋامىدا، كەڭ ئۈزۈمچىلىك ئائىلىلىرىنى باغنى ئۆزگەرتىش، تالنى ئۆزگەرتىش، باراڭنى ئۆزگەرتىش، چېچەكنى تىزگىنلەش، مېۋىنى تىزگىنلەشكە يېتەكلەپ، ئوراش - قاچىلاش تېخنىكىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ ھەم بىر تۈركۈم دېھقان تېخنىكلارنى تاللاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتى، باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش چارىسى، ياردەم تولۇقلىمىسى ھەم مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويدى. بۇ يىل، تۇرپان شەھىرى ھەربىر ئۈزۈم ئۆستۈرگەن كەنت ئاھالىلىرى گۇرۇپپىسىدا ئاز دېگەندە بىر دېھقان تېخنىكنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى جەھەتتە قوللاش بىلەن تەمىنلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى كېڭەيتىش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىدۇ، بۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى كېڭەيتىش خادىملىرىنى تولۇقلاش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قوشۇنى قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش؛ ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خادىملىرىنى بىلىمنى يېڭىلاش جەھەتتە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خادىملىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش؛ ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خادىملىرى كەنتلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، رايونغا ئايرىپ، سورتقا ئايرىپ، پەسىلگە ئايرىپ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پىلانىنى تۈزۈپ، «پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئائىلىلەرگىچە بېرىش، تېخنىكا ئادەمگىچە يەتكۈزۈلۈش، ئەلا سورت، ياخشى ئۇسۇللارنى ئېتىزلارغىچە يەتكۈزۈش، قوتانلارغا كىرگۈزۈش» مۇلازىمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئاساسىي سورت ۋە ئاساسىي كېڭەيتىش تېخنىكىسىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى ۋە نەقلىشىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش؛ پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى قوشۇنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىللىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلىشكە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىللىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## جۇڭگونىڭ پاكىستاننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ ۋەتەنگە قايتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىش، ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش ۋە جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىدىن پايدىلىنىش، دوختۇرخانا يۇقۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش، تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈپ - ئۆلچەش، فاڭساڭ دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى ھەم ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق پاكىستان تەرەپكە ھەققىي تۈردە يولغا قويۇشقا بولىدىغان كۆپ تۈرلۈك كونكرېت تەكلىپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى.

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى يەنە پاكىستاندىكى تېببىي خادىملارغا شەخسىي قوغدىنىش، تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈپ - ئۆلچەش، ئېغىر كېسەل ۋە خەتەرلىك، ئېغىر كېسەل ئاغرىق مىساللىرىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، پاكىستاننىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دىياگنوز قويۇپ داۋالاش قوللانمىسى»نى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، پاكىستاننى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىلغار تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىمىز، جۇڭگو مەبلەغ سالغان كارخانىلار، خۇاربىن، خۇاچياۋلار ۋە پاكىستاندا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار قاتارلىقلارغا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە تەشۋىق - تەربىيەنى قانات يايدۇردى.

پاكىستاندىكى مەزگىلدە، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى 21 مەيدان يىغىن ئېچىپ، 14 مەيدان قېتىم تەربىيەلەش ئۆتكۈزۈپ، 134 قېتىم تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جۇڭگو - پاكىستاننىڭ «جانجىگەر» دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پاكىستان بىلەن قول تۇتۇشۇپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇپ، پاكىستاندىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ كەڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشتى. پاكىستان زۇڭتۇڭى ئالۋى داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپنىڭ پاكىستان تەرەپكە زور مىقداردا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشياسى ياردەم قىلغانلىقىغا ھەم مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى پاكىستانغا ئەۋەتىپ ياردەم بەرگەنلىكىگە، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، بۇ، جۇڭگو - پاكىستاننىڭ پۈتۈن ھاۋا رايىلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن چوڭقۇر دوستلۇقنى تولۇق نامايان قىلدى. پاكىستان تەرەپ جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەجرىبىسى پاكىستان تەرەپنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ 3 مىليارد 416 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ جەمئىي 2 مىليارد 670 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان، چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ 746 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان. «بىر ئايدا 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى، بۇ بىزدەك كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا نىسبەتەن كىچىك سان ئەمەس.» 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شىنجاڭ باي يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئەبەيدۇللا ھەبىبۇللا مۇنداق دېدى: ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلىنىپ، شىركەتنىڭ يۈكى يېنىكلىدى، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلدۇق.

بۇنىڭدىن باشقا، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن كارخانىلار كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش مۇددىتى پىرىنسىپ جەھەتتە ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدىكەن، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش مەزگىلىدە كېچىكتۈرۈش پۇلى يىغىش كەچۈرۈم قىلىنىدىكەن. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى جەمئىي 1094 قىيىنچىلىقى بار كارخانىنىڭ 600 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش ئىلتىماسىنى تەستىقلىغان، چېتىشلىق كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 130 مىڭدىن ئاشىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى سۇن جەنشۆنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش سىياسىتى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۆچەپ، كارخانىلارنىڭ ۋاقتىدا نەپكە ئېرىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلغان. كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان مەزگىلدە، سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ شەخسىي ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تەمىناتى تەسىرگە ئۇچرىمايدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)